# «كېچىلىك ئىقتىساد» پۈتۈن رايون ساياھىتىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەر كۈنى كەچتە ئادەملەر بىلەن لىق تولىدۇ. «ھەربىر جايغا بارغاندا، بىز كەچلىك بازارلارنى ئايلىنىپ، مەززىلىك تائاملارنى تېتىپ، شۇ جاينىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتنى ھېس قىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز» دېدى ئىچكى موڭغۇللۇق ساياھەتچى زوۋ خۇا كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۈگۈنكى كۈندە، كېچىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بارغانسېرى كۆپ كەچلىك بازار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بارلىققا كەلدى: ئۈرۈمچى، سانجى، چۆچەك... بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى كەچلىك بازارلار تېخىمۇ قىزىيدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەننىڭ كەچلىك بازىرى ئەڭ داڭلىق. ھازىر، خوتەننىڭ كونا كەچلىك بازىرى يەنىلا قىزىيدۇ، خوتەن كەچلىك بازىرى (خۇەنخۇدىيەن)دىمۇ تىجارەت باشلاندى، ئۇنىڭ كۈندىلىك خېرىدار مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشىدىغان بولۇپ، شۇ جاينىڭ ئىسىم كارتىسىغا ئايلاندى.

كەچلىك بازار ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپلا قالماي، يەنە شۇ جايدىكى كىشىلەر دەم ئېلىپ سالقىندايدىغان ياخشى جاي. ئاۋات كەچلىك بازار «كېچىلىك ئىقتىساد»قا بىۋاستە تۈرتكە بولدى. كاۋاپ يەپ پىۋا ئىچىش شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كەچلىك بازارلارنىڭ «ئۆلچەملىك سەپلىمە»سى. شىخو پىۋىسىنىڭ سېتىلىش مىقدارى مۆلچەرلىنىشچە 8 ـ ئايغا بارغاندا بۇلتۇرقى پۈتۈن يىللىق 400 مىڭ توننىلىق سېتىلىش مىقداردىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن، بۇ يىل پۈتۈن يىللىق سېتىلىش مىقدارىنىڭ 500 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئۈمىد بار، بۇنىڭ ئىچىدە كەچلىك بازاردا سېتىلىشنىڭ تۆھپىسىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ.

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى تىجارەت باشلىغان قاراماي شەھىرى خۇشچېڭ يىخاۋفاڭ كەچلىك بازىرىغا سودىگەر چاقىرىش بىر ھەپتىدىلا تاماملاندى، تىجارەت باشلانغان ئالدىنقى ئۈچ كۈندە ھەر كۈنى كەچتىكى ئادەم ئېقىمى 30 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن بولۇپ، ھازىر يەنىلا ھەر كۈنى كەچتە 10 مىڭ ئادەم قېتىملىق ئادەم ئېقىمىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

### ئويۇن قىزىدى

### كېچىلىك سەھنە جەلپكارلىقنى نامايان قىلدى

ئەگەشمە چىراغ نۇرى قاراڭغۇ كېچىنى يېرىپ ئۆتۈپ، سوزۇلۇپ ياتقان ئېگىز ـ پەس قۇم بارخانلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، تۆگە كارۋىنى، يولۇچىلار قۇم بارخانلىرىدا ئاستا ـ ئاستا كېتىۋاتاتتى، «كېچىدىكى كىروران» ناملىق چوڭ تىپتىكى ھەقىقىي مەنزىرىلىك ئويۇن قۇمتاغ قۇملۇقىدا باشلاندى. ئاي نۇرى، يۇلتۇزلۇق ئاسمان، قۇم بارخانلىرى، لاگېر، ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆزئارا گىرەلىشىپ، ساياھەتچىلەرگە ئۆزگىچە ھېس ـ تۇيغۇ ئېلىپ كەلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا، كېچىدە قويۇلىدىغان چوڭ تىپتىكى ساياھەت ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى ئەۋجىگە چىقتى، «غەربىي يۇرتقا مىڭ قېتىم قايتىش» «قاناستىكى كاتتا مەرىكە» «شەرققە قايتىش . تەسرات» «يىپەك يولى كۆرگەزمىسى» قاتارلىق ئويۇنلار تاماشىبىنلارغا ئاۋاز، يورۇقلۇق، ئېلېكتىر، 3D تېخنىكىسى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇللار ياراتقان كەيپىيات ئىچىدە شىنجاڭنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان جەلپكارلىقىنى ھېس قىلدۇردى، ئۇلار يەنە شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە ساياھەت مەھسۇلاتىغا ئايلانماقتا.

شىنجاڭ چوڭ تىياتىرخانىسىنىڭ «غەربىي يۇرتقا مىڭ قېتىم قايتىش» ئويۇنى 2015 ـ يىلىدىن باشلاپ رەسمىي قويۇلغاندىن بۇيان، 1100 مەيدانغا يېقىن قويۇلۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 مىڭ ئادەم قېتىم تاماشىبىننى كۈتۈۋالدى. شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كۈتۈۋالغان ساياھەتچى سانى شىددەت بىلەن ئاشتى، «غەربىي يۇرتقا مىڭ قېتىم قايتىش»نى كۆرگەن تاماشىبىنلار سانىمۇ تېز سۈرئەتتە ئاشتى. «بىز ھەر كۈنى كەچتە بىر مەيدان ئويۇن ئورۇنلاشتۇردمىز، ئەگەر تاماشىبىنلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولسا، يەنە بىر مەيدان كۆپەيتىمىز. بۇ يىل 4 ـ ، 5 ـ ئايلاردىكى خېلى بىر قىسىم ۋاقىتتا، ھەر كۈنى كەچتە بىر مەيدان ئويۇننى كۆپەيتتۇق.» شىنجاڭ چوڭ تىياتىرخانىسىنىڭ مەبلەغ سالغۇچىسى، «غەربىي يۇرتقا مىڭ قېتىم قايتىش»نىڭ فىلىم ئىشلىگۈچىسى چېن جيې تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مۆلچەرلىنىشچە بۇ يىل «غەربىي يۇرتقا مىڭ قېتىم قايتىش»نى كۆرىدىغان تاماشىبىنلار سانى 600 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئېشىشى مۇمكىن.

تۇرپان خۇەنلې شىڭدىيەن ساياھەت مەدەنىيەت چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لىن جۈڭيىمۇ يىپەك يولى كاتتا مەرىكىسى يۈرۈشلۈك ئويۇنلىرىنىڭ باش فىلىم ئىشلىگۈچىسى. 2010 ـ يىلى ئۇ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ساھەسىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ساياھەت ئويۇن قويۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. 2011 ـ يىلى «تۇرپاندىكى كاتتا مەرىكە» رەسمىي قويۇلدى؛ 2013 ـ يىلى «قاناستىكى كاتتا مەرىكە» رەسمىي قويۇلدى. «شىركەتنىڭ ‹كاتتا مەرىكە› شىنجاڭ بۆلىكى تاكى بۈگۈنگىچە 1 مىليون ئادەم قېتىمغا يېقىن تاماشىبىننى كۈتۈۋالدى» دېدى لىن جۈڭيى. بۈگۈنكى كۈندە، «قاناستىكى كاتتا مەرىكە» نۇرغۇن ساياھەتچى بۇرچىندا جەزمەن كۆرىدىغان ئويۇنغا ئايلاندى.

نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرى ئىجاد قىلغان «كوئېنلۇندىكى ئۇچرىشىش» ناملىق چوڭ تىپتىكى ھەقىقىي مەنزىرىلىك تىياتىر تاماملىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، تېخىمۇ كۆپ ساياھەت ئويۇن تۈرىمۇ ئىجاد قىلىنىپ، رېپېتىتسىيە قىلىنىۋاتىدۇ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت ئويۇن قويۇش كارخانىلىرىمۇ شىنجاڭدىن پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ. ھازىر، لىن جۈڭيىنىڭ ئىجادىيەت ئەترىتىنىڭ گەنسۇ، نىڭشيا ھەمدە جۇڭچىڭ قاتارلىق جايلاردا ئويۇن قويۇش تۈرلىرىمۇ رەسمىي قويۇلۇۋاتىدۇ.

### كېچىلىك ساياھەت تەدرىجىي قىزىدى

### «كېچىلىك ئىقتىساد» ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى

كەچ كىرگەندە، تۇرپان كارىز ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى قايتىدىن قىزىپ كەتتى. كىچىك مەيداندا، ئۇسسۇل ئارتىسلىرى ۋە ساياھەتچىلەر، شەھەر ئاھالىلىرى بىرلىكتە ئۇسسۇلغا چۈشتى؛ كارىز تەشمىسىدىن چىققان سالقىن ھاۋا يۈزگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ساياھەتچىلەر بىر تەرەپتىن سالقىن ھاۋادىن ھوزۇرلانسا، بىر تەرەپتىن كارىزنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئىنتايىن زوقلاندى.

«كۈندۈزى تۇرپاننىڭ تومۇز ئىسسىقىنى ھېس قىلىپ، كەچتە كارىزنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن ھوزۇرلانسا، بۇ خىل تۇيغۇ بەك ئاجايىپ بولىدىكەن!» دېدى خۇنەنلىك ساياھەتچى لو يۈڭلى.

كارىزنى كېچىدە ساياھەت قىلىش تۈرى بۇ يىل 4 ـ ئايدا يولغا قويۇلغان بولۇپ، زور تۈركۈمدىكى ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، كېچىلىك ساياھەت، كەچلىك بازار قاتارلىقلار تۇرپاننىڭ كېچىسىنى تېخىمۇ جەلپكار قىلدى.

كۈندۈزى تاغ كۆرۈپ، سۇ كۆرۈپ، قۇملۇق كۆرۈپ، قەدىمىي يادىكارلىقلارنى كۆرۈپ، كەچ كىرگەندە سەيلە قىلىش ئىشتىياقى ئاجىزلاشمىغان ساياھەتچىلەر يەنە چوڭ ـ كىچىك كوچىلار، مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنى ئايلىنىدۇ... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بارلىققا كەلگەن كېچىلىك ساياھەت تۈرلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسىنى تېخىمۇ تولۇق تاماشا قىلىشىغا، تېخىمۇ ھەقىقىي ھېس قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى مەزمۇن ۋە شەكىل قوشتى.

كېچىلىك ساياھەت تۈرلىرى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. قاراماي دۇنيا موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونى، قاناس مەنزىرە رايونى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كېچىلىك ساياھەت تۈرىنى پىلانلاۋاتىدۇ، قۇرۇۋاتىدۇ. دۇنيا موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونى تەخمىنەن 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يارداڭ يەر شەكلى يادرولۇق مەنزىرە رايونىنىڭ 13 كىلومېتىرلىق ساياھەت لىنىيەسى ھەم يول بويىدىكى 20 نەچچە جايدىكى ئوبراز مەنزىرىسىنى كېچىدە چىراغ نۇرىدا يورۇتۇپ، ئىنتايىن كۆركەم يارداڭ يەر شەكلىنىڭ سىرلىق سېھرىي كۈچىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى، يەنە 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ مەنزىرە رايونىدىكى دىنازاۋۇر جىلغىسىغا چۆكمە شەكلىدىكى ھەرىكەتچان چىراغ نۇرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈش كۆرگەزمە تۈرىنى بەرپا قىلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ يورۇتۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇشىغا ئەگىشىپ، «كېچىلىك ئىقتىساد»نىڭ تەرەققىياتى ياخشى ئاساسقا ئىگە بولدى. كەلگۈسىدە زامانىۋى رەقەملىك تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى، ئويۇن كۆرگەزمىسى، سودا كوچىسى كەچلىك بازىرى، يورۇتۇش قۇرۇلۇشى، كېچىلىك مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ساياھەت بايلىقلىرى يەنىمۇ بىرىكتۈرۈلۈپ ۋە دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ساياھەت مەنزىلگاھى بازىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ كەسپ زەنجىرى ئۇزارتىلىپ، كېچىلىك ساياھەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ.

«كېچىلىك ساياھەت تۈرلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ مەنزىلگاھ بازىرىدا توختاش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، ساياھەت مەنزىلگاھ بازىرىنىڭ ساياھەت ئىستېمالىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولالايدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلىك جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، ماركېتىڭ جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى چېن جيەنۋېن. ئۇ مۇنداق تەكلىپ بەردى: ھەرقايسى جايلار ھازىر بار بولغان بايلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆزىگە خاس IP قىممىتىگە ئىگە بولغان مەدەنىيەت ئىجادىيەت كېچىلىك ساياھەت تۈرىنى ئېچىپ، يادرولۇق ساياھەت مەھسۇلاتىنى يارىتىشى كېرەك؛ «ساياھەت + مەدەنىيەت + سودا» قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپ ھالىتىنى ساھە ھالقىپ يۇغۇرۇپ، تۈر سىستېمىسى، ئەسلىھە سىستېمىسى، مۇلازىمەت سىستېمىسى ۋە بىخەتەرلىك كاپالەتلىك سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. «يەنە پايدا ئەندىزىسىنى ياخشى لايىھەلەپ، سېلىنما بىلەن ھاسىلاتنىڭ تەڭ نىسبەتتە بولۇشىغا ئىلمىي ھۆكۈم قىلىش كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ھەم ساياھەتچىلەرنى ئېلىپ قالالايدىغان بولۇش، ھەم شۇ جاينىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىغا تەڭ ئېتىبار بېرەلەيدىغان بولۇش، ساھىبخانا بىلەن مېھمان ئورتاق بەھرىلىنىدىغان ئازادە بوشلۇق بەرپا قىلىش كېرەك».

---

# شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمنلىك باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 7 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى تۈزەشكە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 7 ـ ئومۇمىي يىغىننى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قىيىننىڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قىلغانلىقى، ئورۇنلاشتۇرما قىلغانلىقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەسلى مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنى ئويۇشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە سادىق بولۇشتەك قەتئىي ئېتىقادى ۋە كۈچلۈك ئىشەنچىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىن ئىبارەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قەتئىي ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كۈتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىق پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلىنى بۇزىدۇ، پارتىيەنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزىدۇ، ئاممىۋى بايلىقنى ئىسراپ قىلىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويىدۇ، پارتىيە بىلەن ئامما، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى چوڭ دۈشمەن، جەزمەن «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى»دىكى تۈرلۈك تەلەپلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناتوغرا ئىستىللارغا قىلچە تەخىر قىلماسلىق پوزىتسىيەسى بىلەن قارشى تۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى سىياسىي جەھەتتىن چوڭقۇر تونۇپ، ئەسلى مەقسەت ـ بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، ئىدىيە يىلتىزى مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، توغرا سىياسىي نەتىجە قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، پارتىيەگە سادىق بولۇش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تۈزىتىشنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، دەل جايىدا يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىكى بايقالغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىپ تۈزىتىش، قىيىنغا تېگىش قىلىپ تۈزىتىش، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىش، ئومۇميۈزلۈك تۈزىتىش، ھەممە ئىشنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە، ھەممە ئىشتا ئىنكاس قايتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. جەمئىيەت نازارەت قىلىش، ئامما نازارەت قىلىش، ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر نازارەت قىلىش، مەخسۇس تۈر بويىچە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى قەيەرگە بارسا، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئەگىشىپ شۇ يەرگە بېرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىققا يوشۇرۇنغۇدەك جاي قويماسلىق كېرەك. تۈرلۈك باھالاش، باھا بېرىش، تەدبىر بەلگىلەش خىزمەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنىڭ پەيدا بولۇپ يامراشنىڭ مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

---

# «شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىشنى تېزلىتىش» تېز ئالغا سىلجىتىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

### ■ شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىدىغان چوڭ تومۇر كېڭەيتىلدى

ئۇزاقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول چوڭ لىنىيەسىدىن پەقەت لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى(G30)لا بار ئىدى، 2017 ـ يىلى، بېيجىڭ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى(G7)دا قاتناش باشلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا شىنجاڭغا تېز كىرىپ ـ چىقىدىغان بىر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول يېڭىدىن كۆپەيدى. لېكىن بۇ ئىككى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى كۆپ قىسىم يول بۆلەكلىرىنىڭ ئىشلىتىلگىنىگە كۆپ يىل بولغاچقا، لىنىيە بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا، قاتناش مىقدارىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، «قاتنىغىلى بولسىمۇ راۋان بولماسلىق» ئەھۋالى كۈنسېرى گەۋدىلەندى.

يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدىن ئىبارەت «چوڭ جان تومۇر» راۋان بولمىسا، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش تۈرى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ. لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى(G30) نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى پارچىساغالدىن ئۈرۈمچىگىچە، ئۈرۈمچىدىن كۈيتۇنگىچە، بېيجىڭ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى(G7)نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى داخۇاڭشەندىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تۈرىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى تۆت ئاپتوموبىل يولىدىن سەككىز ئاپتوموبىل يولىغا كېڭەيتىلىدىكەن. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ئۈرۈمچىدىن كۈيتۇنگىچە، داخۇاڭشەندىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرىدە قاتناش باشلىنىدىكەن، شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىش قاتناش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدىكەن.

ياز پەسلى دەل تاشيول قۇرۇلۇشى قىلىدىغان ياخشى پەسىل، لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى (G30) نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئۈرۈمچىدىن كۈيتۇنگىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرى «كۈچەش» باسقۇچىغا كىردى، «پۈتۈن لىنىيەدە قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان ئورۇنلار ئىسسىقنى قوشۇپ مۇددەتتىن بىر ئاي بۇرۇن تاماملاشقا تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ تاشيول بۆلىكىدە قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، ھەر كۈنلۈك قاتناش ئىقتىدارى ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشىدۇ» دېدى تۈرنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ليۇ شىنيا.

### ■ ھالقىسمان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورى شەكىللەندى

«دۆلەت يولى، ئۆلكە يولىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپ يىل قۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭ ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق دېدى: 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى غول لىنىيەسىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 29 مىڭ كىلومېتىرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۆلەت يولى غول لىنىيەسىنى ئاساسىي رامكا قىلغان، جۇڭغار ۋە تارىمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئويمانلىقنى ئايلىنىدىغان ھەم كېسىپ ئۆتىدىغان تاشيول قاتناش تورى شەكىللەندى.

«ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش» نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، «تېزلىتىش» خىزمىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرى «تېزلىتىش» جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، دۆلەت يولى، ئۆلكە يولىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۈرىدە ئىش باشلاپ، ھالقىسمان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقارماقتا.

G216 لىنىيەسىنىڭ كۆكتوقايدىن ۋۇسەيۋەنگىچە بولغان تاشيول تۈرى ھالقىسمان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورىنىڭ بىر قىسمى، بۇ تۈردە قوش يۆنىلىشلىك تۆت ئاپتوموبىل يولى 1 ـ دەرىجىلىك تاشيولنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ياسالغان بولۇپ، ھازىرقى دۆلەت يولى 216 ـ لىنىيەسىگە سېلىشتۇرغاندا قاتناش شارائىتى تېخىمۇ ياخشى، نۆۋەتتە يول يۈزىنى يېيىش ھەم قاتناش قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پۈتۈپ قاتناش باشلىنىدۇ. شۇ چاغدا، بۇ تور ياسىلىۋاتقان ئالتاي ـ كۆكتوقاي يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى ھەم ھازىر بار بولغان لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، كۈيتۇن ـ ئالتاي يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى بىلەن ھالقىسمان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورى شەكىللىنىدۇ، شىمالىي شىنجاڭ ھالقىسمان تاشيولى بارا ـ بارا يۇقىرى سۈرئەتلىشىشكە يۈزلىنىپ، «قاتنىغىلى بولسىمۇ تېز بولماسلىق» مەسىلىسى تارىخقا ئايلىنىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭدا، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز G315 لىنىيەسىدىكى يېتىمبۇلاقتىن چاقىلىقچە، چاقىلىقتىن نىيەگىچە بولغان بۆلىكى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىدۇ، G0711 ئۈرۈمچى ـ كورلا (لوپنۇر) يۇقىرى سۈرئەتلىك يول قۇرۇلۇشىنى باشلايدۇ، G3012 قەشقەر (يېڭىشەھەر) ـ قاغىلىق ـ قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىمۇ بۇ يىل ئىچىدە پۈتۈپ قاتناش باشلىنىدۇ، تارىم ئويمانلىقىنى چۆرىدىگەن يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورىمۇ تېز سۈرئەتتە شەكىللىنىۋاتىدۇ.

### ■ مۇلازىمەتنى ئۆستۈرۈش سەپەرنى تېخىمۇ ئازادە قىلدى

نۇرغۇن تاشيول تۈرلىرى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇۋاتقان ۋە يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقاندا، يول بويىدىكى مۇلازىمەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭمۇ سۈپىتى، دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ.

مۇخبىر بېيجىڭ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى(G7)نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى داخۇاڭشەندىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش تاشيول تۈرىنىڭ قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا، يېيىتىش ماشىنىسى، يول چىڭداش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنىلارنىڭ ئالدىراش مەشغۇلات قىلىۋاتقانلىقىنى، لىنىيە بويىدىكى ئىككى مۇلازىمەت رايونىدا جىددىي ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ــ مۇلازىمەت رايونى ئۇنىۋېرسال بىناسى ھەم قوشۇمچە ئىشلىتىدىغان ئۆينىڭ ئۇل ئازگىلىنى كولاش مەشغۇلاتى ھەم ئۇلنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنىڭ باشلىنىپ بولغانلىقىنى كۆردى.

سۇ دەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئۆزگەرتىپ ياسالغاندىن كېيىن، فۇكاڭ مۇلازىمەت رايونى ۋە داخۇاڭشەن مۇلازىمەت رايونىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە كېڭىيىدۇ، مۇلازىمەت رايونى قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ كۆپ ساياھەت مۇلازىمىتىگە بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن، يېمەك ـ ئىچمەك، مال سېتىۋېلىش قاتارلىق سورۇنلار بولۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئاپتوموبىللارغا تېخىمۇ كۆپ قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى يەنە 16 ئادەتتىكى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى غول لىنىيەسىدىكى مۇلازىمەت رايونلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ھاجەتخانا تېپىشى قىيىن بولۇش، ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىدۇ.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ETC (ئاپتوموبىل توختىماي ئېلېكتىرونلۇق ھەق ئېلىش سىستېمىسى) ئورنىتىش، ئىشلىتىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ETC مۇئامىلىدارلىرىغا %5تىن ئاز بولمىغان ئاپتوموبىل يول يۈرۈش ئېتىبارى بېرىپ، يىل ئاخىرىغا بارغاندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىغا ETC ئورنىتىش نىسبىتىنى %80تىن ئاشۇرۇشقا، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا قاتنىغان ئاپتوموبىللارنىڭ ETCنى ئىشلىتىش نىسبىتىنى %90تىن ئاشۇرۇپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ئاپتوموبىل توختىماي تېز ھەق ئېلىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچەيدۇ.

ئاپتوموبىللارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيوللىرىدا قاتنىغاندا، ئاپتوموبىل ئىگىسىنىڭ ساياھەت قىلىشى ئازادە بولۇپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ راۋان بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. «بىز لايىھەلىگەندە ETC ھالقىسىنى ئويلاشتۇق، بۇنىڭدىن كېيىن، ETC ئورناتقان ئاپتوموبىللارنىڭ لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىدا قاتنىشى تېخىمۇ قولاي بولىدۇ» دېدى سۇ دەن.